شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 5 - ئاي
8
جۈمە
维吾尔文 5 月8日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25055 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى، پورتۇگالىيە زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچتە ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى مىرزىيوېۋ بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى ۋە ئۆزبېكىستان خەلقىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا قارىتا سەممىي ھال سورايدىغانلىقى ۋە قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشلا جاھاندىكى توغرا يول.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىۋى سەھىيە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك

چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجەلەرنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھازىرقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى توغرا ھۆكۈمنى چوڭقۇر تونۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

يۇقۇمغا توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە «جۇڭگو جاۋاب قەغىزى» تاپشۇرۇش

— قول تۇتۇشۇپ يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جۇڭگو مەسئۇلىيىتىنى نامايان قىلىش

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىدا يامراۋاتىدۇ، جۇڭگو يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىگە ئېرىشتى.

بۇ، بىر قېتىملىق ئاز كۆرۈلىدىغان يەر شارىۋى كرىزىس، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئورتاق خىرىس. خەلقئارا جەمئىيەتتىكە يۇقۇمنى ئەڭ بالدۇر مەلۇم قىلغان، يۇقۇمغا ئەڭ بالدۇر جەڭ ئېلان قىلغان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو ئومۇمىي خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، مەملىكەت بويىچە جەڭگە ئاتلىنىپ، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، غايەت زور قۇربان بېرىش ئارقىلىق دۇنيا بويىچە دۆلەت ئىچى يۇقۇمىنى باشلامچىلىق بىلەن كونترول قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، دۇنيا ئۈچۈن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى رايون مۇداپىئە لىنىيەسىنى ساقلاپلا قالماي، يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك تەجرىبە توپلىدى.

باشتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئىشنىڭ مۈشكۈللۈكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، بارغانسېرى كۆپ كىشى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسىنىڭ «ھىيلىگەر»لىكىنى تونۇپ يەتتى، يۇقۇمنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە كۆرسىتىدىغان غايەت زور خەۋپىنىمۇ بىۋاسىتە ھېس قىلدى. لېكىن ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، يۇقۇمنىڭ بۇنچە شىددەتلىك شەكىلدە پۈتۈن يەر شارىغا خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلىشىنى ھېچكىم ئويلاپ يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بەنگۈڭتىڭى «2019 - يىلدىن 2023 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش - يېتىشتۈرۈش خىزمىتى يىرىك پىلانى»نى بېسىپ تارقاتتى

ئۆز خەۋەرىمىز يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بەنگۈڭتىڭى «2019 - يىلدىن 2023 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش - يېتىشتۈرۈش خىزمىتى يىرىك پىلانى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «يىرىك پىلان» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

دەرەخنى ئېگىز ئۆسسۈن دېسەك، يىلتىزىنى چوقۇم مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك. پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇش پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇل خاراكتېرلىك دائىملىق خىزمىتى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 86 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 86 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىغا قاتنىشىدىغان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش خىزمەت قائىدىسى» «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى مەخسۇس كومىتېتلىرى ھەم دائىمىي كومىتېت خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىش چارىسى» قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 11 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىلدى

ھەر تەرەپنىڭ ئورتاق تونۇشىنى مۇجەسسەملەش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 11 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا «دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشۇش» چۆرىدىلىپ، مەخسۇس تېمىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش قانات يايدۇرۇلدى، «سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشۇش توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ئېچىلدى

يېزا - كەنتلەردە كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

بىرىنچى سەپتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ①
于田县

[ئىستون سۆزى]

بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش تاماملىنىدىغان يىل. ھازىر، شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ مۇجەسسەملىنىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئون نامرات قورغانغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغالدى.

يېقىنقى مەزگىلدە، گېزىتىمىز تۆت پۈتۈن تاراتقۇ شۆبە ئەترىتىنى ئون نامرات ناھىيەگە چوڭقۇر چۆكۈپ، يېزا - كەنت، قورۇلارغا كىرىپ، ئېتىز - ئېرىق باشلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، پۈتۈن تاراتقۇ شەكلىدە بىرىنچى سەپتىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى قىزغىن كۆرۈنۈشلەرنى ھەر جەھەتتىن خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى. بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش . بىرىنچى سەپتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش» ئىستونى ئېچىپ، شۆبە ئەترەتلەر بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ ئىگىلىگەن، قازغان جانلىق ھېكايىلەرنى ئېلان قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەيدىغان، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان غەيرەت بىلەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشتەك جانلىق ئەمەلىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە نامايان قىلىدۇ.

يارمەھەللە كەنتىنىڭ بەختلىك بىر يىلى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لىيۇ يى، جۇ پېڭ، لىيۇ يىمىڭ، نىي نىڭ

قۇملۇقنىڭ چېتىدىكى بىر كىچىك كەنتتە، يىلمۇيىل داۋاملىشىدىغان ئادەتتىكى تۇرمۇش داۋامىدا، تەدرىجىي ئۆزگەرگەن كۈچ توپلانماقتا، كۆرەش قىلغۇچىلارنىڭ ئارزۇغا ئىنتىلىش نۇرى چاقنىماقتا.

4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مۇخبىرلار كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئويتوغراق يېزىسى يارمەھەللە كەنتىگە كەلدى، ئۆزگىرىش ۋە ئۆزگەرمەسلىك ۋاقىت بىلەن بوشلۇقنىڭ ئالمىشىشى داۋامىدا نۆۋەتلىشەتتى. كەنت كادىرلىرى ۋە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىدىكى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ئۈستىبېشىدىكى توپا، يەنە يىراقتا ھۇۋلاۋاتقان قۇم - بوران، بۇ يەنىلا مۇخبىرلار بۇلتۇر بارغان قۇملۇقنىڭ چېتىنى چىڭ ساقلاۋاتقان ئاشۇ كىچىك كەنتتەك قىلاتتى.

ھالبۇكى، كەنتتىكى پاكىز، رەتلىك يوللار، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېپيېڭى ھويلىلىرى، يەنە كىشىلەرنىڭ ئۈمىدكە تولغان، ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن تۇرمۇش ھالىتىنى كۆرگەندە، بۇ، نامراتلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ئاشۇ كەنت ئەمەستەك قىلاتتى.

2019 - يىلى 4 - ئايدا، گېزىتىمىز شۆبە ئەترەت ئەۋەتىپ، يارمەھەللە كەنتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش جەھەتتىكى ئەمەلىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغانىدى. قىسقىغىنا بىر يىلدا، يارمەھەللە كەنتىدە ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىش بولدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، يارمەھەللە كەنتىدىكى گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈش ئاھالىسى مۇسا مەتتۇرسۇن(ئوڭدا) سەبدەرگۈل مايسىسى سېتىۋالغان كەنت ئاھالىسىگە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى چۈشەندۈرمەكتە. [ئاخبارات سىزمىسى] □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز مۇختەر ئەيرى سىزغان

ئۆينىڭ ئىچى - سىرتىدا ئۆزگىرىش بولدى

دىققەتنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشكە مەركەزلەشتۈرۈش

[تەھرىردىن ئىزاھات]

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «خەلق ئاممىسىنى شەھەردە تېخىمۇ قولايلىق، تېخىمۇ راھەت، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش كېرەك». كونا ئولتۇراق رايونلارنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلىرى تولۇقلانسا، ھەم شەھەرنىڭ قىياپىتى يېڭىلاپ، ئاھالىلەرنىڭ بەخت تۇيغۇسىنى ئاشۇرغىلى، ھەم ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىپ، مەبلەغ سېلىشقا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ. خەلقنىڭ ئارزۇسى ھۆكۈمەتنىڭ نىشانى. ئاپتونوم رايونىمىز كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش تۈرىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، «ئاھالىلەر ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ئاھالىلەر ئېھتىياجلىق بولغاننى ئۆزگەرتىپ»، «زاكازلىق» ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئاھالىلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ تەخىرسىز ئەمەلىي ئېھتىياجىنى قاندۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۆر ئىچكى ئېھتىياجنى قوزغىتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. يېقىندا گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى زىيارەت قىلدى. بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز «دىققەتنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشكە مەركەزلەشتۈرۈش» ناملىق يۈرۈشلۈك خەۋەرنى ئېلان قىلىدۇ، دىققەت قىلغايسىلەر.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋېي خۇڭپىڭ

ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىدۇڭ رايونىدىكى گۇمۇدى غەربىي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى باغاڭ ئولتۇراق رايونى (4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تارتىلغان). □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز تاڭ يۈك فوتوسى

«يەر ئاستىدىن يەر ئۈستىگىچە، ئۆي سىرتىدىن ئۆي ئىچىگىچە ھەممىسى ئۆزگەرتىلىۋاتىدۇ.» 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىدۇڭ رايونىدىكى گۇمۇدى غەربىي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى شىنخۇا مەھەللىسى خۇيىسەي ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىسى جاڭ يۈكۈن دېرىزىدىن ئۆي سىرتىدىكى قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان مەنزىرىگە قاراپ، شاۋقۇن - سۈرەن ھېس قىلمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ناھايىتى يېقىملىق ھېس قىلدى. بۇ يەردە كونا ئولتۇراق رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ھويلىسىنىڭ چوڭىيىشىنى، بىنا گەۋدىسىنىڭ يېڭىلىنىشىنى، تورۇبا تورىنىڭ راۋانلىشىشىنى، ئۆيىنىڭ ئىسسىشىنى ئارزۇ قىلاتتى…

بۇ يىل، خۇيىسەي ئولتۇراق رايونىغا ئوخشاش ئۆزگەرتىلىۋاتقان ۋە ئۆزگەرتىلمەكچى بولغان كونا ئولتۇراق رايوندىن پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرىدە 133ى بار بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 414 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، 21 مىڭ 311 ئائىلىدىكى ئاھالە مەنپەئەتلىنىدۇ.

ئازادە ھېس قىلىش راھەت ئولتۇرۇش

جاڭ يۈكۈن ئارزۇ قىلغان گۈزەل مەنزىرە ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى ۋاڭ خۇچېڭ ئولتۇرۇشلۇق ئولتۇراق رايوندا رېئاللىققا ئايلاندى. ۋاڭ خۇچېڭنىڭ ئۆيى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇزىبىي جەنۇبىي كوچىسىدىكى مۇزىبىي ئولتۇراق رايونىدا بولۇپ، ئولتۇراق رايوندا 17 كورپۇس بىنا بار، ھەممىسى 1980 - يىلى سېلىنغان بەش قەۋەتلىك كونا بىنا ئىدى. «ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرى ئولتۇراق رايونىنىڭ تۇرۇبا تورى كونىراپ كەتكەچكە، ئۆيدىكى يۈندى يولى ئاسان توسۇلۇپ قالاتتى، ئاھالىلەرنىڭ پىكرىمۇ كۆپ ئىدى» دېدى ۋاڭ خۇچېڭ.

2019 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشنى نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتى. تۆت ئايدىن كۆپرەك مەركەزلىك قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق مۇزىبىي ئولتۇراق رايونىنىڭ سۇ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)